# قىيامەت كۈنى سىلەرنىڭ ماڭا ئەڭ يېقىن ۋە سۆيۈملۈكرەكىڭلار ئەخلاقى ئەڭ گۈزەل بولغانلىرىڭلاردۇر، قىيامەت كۈنى مەن ئەڭ ئۆچ كۆرىدىغان ۋە مەندىن ئەڭ يىراقراقىڭلار كۆپ سۆزلەيدىغان، قالايمىقان گەپ قىلىدىغان، چوڭچىلىق قىلىدىغان كىشىلەردۇر

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بايان قىلغان ھەدىستە رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن: قىيامەت كۈنى سىلەرنىڭ ماڭا ئەڭ يېقىن ۋە سۆيۈملۈكرەكىڭلار ئەخلاقى ئەڭ گۈزەل بولغانلىرىڭلاردۇر، قىيامەت كۈنى مەن ئەڭ ئۆچ كۆرىدىغان ۋە مەندىن ئەڭ يىراقراقىڭلار كۆپ سۆزلەيدىغان، قالايمىقان گەپ قىلىدىغان، چوڭچىلىق قىلىدىغان كىشىلەردۇر، دېدى. بىز ئى رەسۇلۇللاھ! «الثرثارون والمتشدقون»نى بىلدۇق، «المتفيهقون» دېگەن كىملەر دېگەندە، ئۇلار چوڭچى، ھاكاۋۇر كىشىلەر، دېگەن

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [تىرمىزىي"سۈنەن تىرمىزى"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان]

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ «إن من أحبكم» دېگەن سۆزىدىكى «من» نىڭ مەنىسى "بەزى" مەنىسىدە. يەنى قىيامەت كۈنىدە ماڭا يېقىن تۇرىدىغان ۋە مەن ياخشى كۆرىدىغان كىشىلەر ئاللاھ تائالا بىلەن ۋە بەندىلەر بىلەن گۈزەل ئەخلاقتا بولغانلاردۇر. ئاخىرىدىكى «من» مۇ بەزى دېگەن مەنىدە، يەنى سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردا ئەڭ ئۆچ كۆرىلىدىغان، مەندىن قىيامەتتە يىراق تۇرىدىغانلار زورلاپ كۆپ سۆزلەيدىغانلار، پاساھەتلىك سۆزلىرى بىلەن كىشىلەرگە چوڭچۇلۇق قىلىدىغانلار، باشقىلاردىن ئۆزىنى چوڭ تۇتىدىغان، ئارتۇقچۇلۇقنى نامايەن قىلىدىغانلار



النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC E-Da'wah Committee